ايغور ئۇيغۇرچە

# ئۆمرە پائالىيتى.

## 1 ئېھرام

ھەج ياكى ئۆمرە پائالىيتىگە كىرىشنى مەقسەت قىلىش

- سۇرىيە ۋە مىسىر تەرىپىدىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ مىيقاتى(ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى) مەككىگە 186 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى جۇھپە دېگەن جاي.
- مەدىنىدىن ياكى شۇ تەرەپتىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ مىيقاتى(ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى)مەككىگە 420 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى زۇلھۇلەيپە دېگەن جاي.
- ئىراق تەرىپىدىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ مىيقاتى (ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى)مەككىگە 98 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى زاتۇ ئىرق دېگەن جاي.
- نەجدە تەرىپىدىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ مىيقاتى (ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى)مەككىگە 99 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى قەرنە مەنازىل دېگەن جاي.
- يەمەن تەرىپىدىن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ مىيقاتى (ئېھرامغا كىرىدىغان ئورنى)مەككىگە 99 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى يەلەمىيەم دېگەن جاي.

ئايرىپۇلاندا كېلىدىغان كىشىلەر ئايرىپۇلان ئۆزلىرى ئۆتىدىغان مىيقاتنىڭ ئۇدۇلىغا ئاز قالغاندا ئىھسرامغا كېرىدۇ ۋەيەنى تەلبىيە قىلىدۇ.

## 2 تاۋاپ قىلىش.

كەبىنى تاۋاپ قىلىشنى (ئايلىنىشنى) ھەجەر ئەسۋەدتىن باشلاپ ماڭىدۇ، يەنە ئايلىنىپ ھەجەر ئەسۋەدكە كەلگەندە بىر تاۋاپ بولىدۇ. (يەنى بىر ئايلىنىش بولىدۇ).

تاۋاپنىڭ باشلىنىش
ئاخىرلىشىش نۇقتىسى.

## 3

مۇمكىن بولسا مەقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىككى رەكەت تاۋاپ نامىزى ئادا قىلىش.

### يەتتە ئايلىنىش .

ئىككى يېشىل چىراققا كىلىشتىن ئىلگىرى مېڭىش ۋە ئىككى يېشىل چىراقنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە، تىز يۈگرەش بولۇپ تىز يۈگرەش ئەرلەرگە خاس بولىدۇ، ئاياللار يالغۇز بولغاندىمۇ بۇ يەردە يۈگۈرمەيدۇ. نوخشاش ماڭىدۇ.

ساپا
مەرۋە

## 4 سەپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئىي قىلىش.

## 5 چاچنى تولۇق ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش

چاچنى تولۇق ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش ئەرلەرگە خاس بولۇپ، ئاياللار چېچىنىڭ ئۇچىدىن بارمىقىنىڭ ئۇچىنىڭ مىقداردە قىسقارتىدۇ.

### ئېھراملىق ھالەتتە چەكلىنىدىغان ئىشلار.

1 بېشىدىن ۋە پۈتۈن بەدىنىدىن چاچ ۋە مويلارنى ئېلىش.
2 قول-پۇتلىرىنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىش(كېسىش)   3 خۇشپۇراق بۇيۇملارنى ئىشلىتىش.
4 ئۆزى ئۈچۈن ياكى باشقىلار ئۈچۈن نىكاھ ئەقدىسى قىلىش.   5 ئاياللار بىلەن قوچاقلىشىش.
6 قۇرۇقلۇقتىكى ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈش.

**پەقەت ئەرلەرگىلا چەكلىنىدىغان ئىشلار:**

1 ئىنسانىنىڭ بەدەن شەكلىگە ئۆلچەپ تېكىلگەن ئادەتتە كېيىدىغان كىيىم-كېچەكلەر
2 دوپپا، سەللە ياكى ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن بېشىنى بىۋاستە يېپىۋېلىش.

**پەقەت ئاياللارغا چەكلىنىدىغان ئىشلار:**

1 يۈزىنى نىقاپ بىلەن ياكى چۈمبەل بىلەن پۈتۈن ئورىۋېلىش لېكىن يات ئەرلەر بولغان ئورۇنلاردا يۈزىنى ياغلىقى ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن ئورىۋالسا بولىدۇ.
2 ئىككى قولىغا پەلەي كىيىۋېلىش.

### ئۆمرە پائالىيتى جەريانىدا مۇستەھەپ بولىدىغان ئىشلار:

1 تىرناقلىرىنى ئېلىش ۋە ئېھرامغا كىرىشنى مەقسەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئېلىش-تازىلاش كېرەك بولغان چاچ ياكى مويلارنى ئېلىش.
2 ئېھرامغا كىرىشنى مەقسەت قىلغاندا ئېھرام ئۈچۈن يۇيۇنۇش.   3 ئەرلەر ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى بەدىنىگە خۇشپۇراق بۇيۇملارنى سۈركەش.
4 ئەرلەر ئىككى پارچە ئاق رەختنى ئىشتان كۆينەك ئورنىدا بىرىنى بەدىنىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يەنە بىر پارچىسىنى بەدىنىنىڭ ئاستى تەرىپىگە كىيىش.
5 (لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەي، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيكە، ئىننەل ھەمدە ۋەن نىمەتە لەكە ۋەل مۇلۇك، لاشەرىكە لەكە) دېگەن تەلبىيەنى ئېھرامنى مەقسەت قىلغاندىن باشلاپ تاۋاپ باشلانغۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ.
6 تاۋاپتا ئەرلەرنىڭ ئوڭ دولىسىنى ئېچىۋېتىپ ئايلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر.
7 ھەجەر ئەسۋەدنى يېقىن بولسا سۆيۈش ئەگەر يىراق بولسا قولىنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈش.
8 تاۋاپنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچ ئايلىنىشىدا سوكۇلدىغاندەك روھلۇق ھالەتتە تىز-تىز مېڭىش.
9 مۇمكىن بولسا مەقامۇ ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلىش.